# 3453 - ۋىتىر نامىزىنى كېچىدە ئوقۇش ئۈچۈن ئىمام بىلەن بىرگە ئوقۇغاندا بىر رەكەتنى زىيادە قىلىپ ئادا قىلىش توغرىسىدا

## سوئال

بەزى كىشىلەر ئىمام بىلەن بىرگە ۋىتىر نامىزى ئادا قىلغاندا ئىمام سالام بەرگەندە ئۆزى ۋىتىرنى كېچىدە ئوقۇشنى مەقسەت قىلىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە بىر رەكەت قېتىپ تۆت رەكەت قىلىۋېتىدۇ، بۇنداق قىلسا بولامدۇ؟، بۇمۇ ئىمام بىلەن بىرگە نامازدىن قايتىش ھېسابلىنامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بۇ توغرىدا ئۆلىمالارنىڭ بىر خاتالىق بولىدۇ دېگەنلىكى توغرىسىدا دەلىل كۆرمىدۇق، ۋىتىرنى كېچىنىڭ ئاخىرىدا ئادا قىلىش ئۈچۈن ئۇنداق قىلسا خاتا بولمايدۇ.

ئۇ كىشى نامازنى ئىمام بىلەن بىرگە ئادا قىلىپ قايتتى دېگەن سۆز مۇۋاپىق كېلىدۇ، چۈنكى ئۇ كىشى ئىمام بىلەن بىرگە ناماز ئادا قىلدى، ھەتتا ئىمام بىلەن بىرگە قايتتى، ئۇ كىشىنىڭ ئىمام بىلەن ئادا قىلغان ۋىتىر نامىزىغا بىر رەكەتنى زىيادە قىلىشى بولسا، ۋىتىرنى كېچىنىڭ ئاخىرىدا ئادا قىلمەن دېگەن شەرئى مەسلەھەت بىلەن بولدى، بۇنىڭدا خاتالىق يوق، بۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى ئىمام بىلەن بىرگە قايتمىغان دېيىلمەيدۇ، بەلكى ئۇ كىشى ئىمام بىلەن بىرگە تۇردى ۋە نامازدىن كېيىن بىر ئاز كېيىن قايتقان بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.